السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# خىرىستىيانلار مەريەم ئوغلى ئىسانى كۆككە كۆتۈرگەندەك مېنى كۆككە كۆتۈرمەڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى، مېنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار

ئۆمەر بىن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «خىرىستىيانلار مەريەم ئوغلى ئىسانى كۆككە كۆتۈرگەندەك مېنى كۆككە كۆتۈرمەڭلار، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى، مېنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار».

[تېكىست توغرا] [بۇخارى رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلارنى ئۆزىنى ماختىنغاندا ياكى سۈپەتلىگەندە، خىرىستىيانلار مەريەم ئوغلى ئىسانى ئۇچۇرغاندەك، بەك ئۇچۇرۇپ شەرئى بەلگىلىمىدىن ھالقىپ، چەكتىن ئاشۇرىۋېتىشتىن ياكى ئاللاھ تائالاغا خاس بولغان سۈپەت ۋە ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن سۈپەتلەشتىن ياكى غەيىبنى بىلىدۇ ياكى دۇئادا ئاللاھ بىلەن بىرگە ھاجەت سورىلىدۇ دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشتىن چەكلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىر بەندە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۆزى توغرىسىدا ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى دېيىشكە بۇيرىدى.



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee